# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 (维吾尔文)

(بۇ سان ئالتە بەت)

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65—0002 / Z

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى(ۋەكالەت نومۇرى: 1—57)

1997 - يىل
ئاپرېل
14
دۈشەنبە


**ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋارايى:** كۈندۈزى ۋە كېچىسى ھاۋا ئوچۇق، بەزىدە بۇلۇتلۇق بولىدۇ، تېمپېراتۇرا $11°C - 23°C$ بولىدۇ، ئۈچ بال شامال چىقىدۇ.

مۇھىم خەۋەرلەر

## چياۋشى ئۈرۈمچىدە قىسقا ۋاقىت توختىغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىدىن موڭغۇلىيىگە زىيارەتكە يولغا چىقتى

### ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ھامىدىن نىياز، جانابىل، قېيۇم باھاۋۇدۇن، ئەسقەت كەرىمباي، لى لياڭخۇي، جۇيۇگشۇن ۋە لەنجۇ ھەربىي رايوننىڭ قوماندانى لىيۇجىڭسۇڭ قاتارلىقلار ئايرودرومغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى

ئۆز مۇخبىرىمىز **چېن يەن** خەۋەر قىلىدۇ: ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋېيىۈەنجاڭى چياۋشى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 4-ئاينىڭ 13-كۈنى چۈشتە مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن موڭغۇلىيىگە زىيارەتكە يولغا چىقتى.

چياۋشى ۋېيىۈەنجاڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى فرانسىيە، نورۋېگىيە، ئىتالىيىگە قىلغان زىيارىتىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، موڭغۇلىيىگە زىيارەتكە كېتىۋېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا قىسقا ۋاقىت توختىدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ھامىدىن نىياز، جانابىل، قېيۇم باھاۋۇدۇن، ئەسقەت كەرىمباي، لى لياڭخۇي، جۇيۇگشۇن قاتارلىقلار ئايرودرومغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

چياۋشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە تەكىتلەپ مۇنداق دېدى:

## ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرىكەتلەرگە قەتئىي زەربە بېرىش كېرەك

شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى **ۋاڭ رويۈي، شيۇڭ چاڭيى**، ئۆز مۇخبىرىمىز **چېن يەن** خەۋەر قىلىدۇ: ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋېيىۈەنجاڭى چياۋشى مۇشۇ ئاينىڭ 13-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى چياۋشى ۋېيىۈەنجاڭغا دوكلات قىلدى.

چياۋشى مۇنداق دېدى: مەن بۇ قېتىم ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى زىيارىتىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، موڭغۇلىيىگە زىيارەتكە كېتىۋېتىپ، ئۈرۈمچىدە توختاپ سىلەر بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىمغا ئىنتايىن خۇشالمەن.

چياۋشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، چېگرىدىن ئاشقان دىنىي كۈچلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، قانۇننىڭ ئىززەت ھۆرمىتىنى،

دۆلەتلەر جۇملىدىن بىر قىسىم غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بىردەك ھەرىكىتى. ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرىكەتلەردىن ھەر ۋاقىت ھوشيار بولۇپ، بۇنداق ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىشىمىز كېرەك، بۇ ھازىرقى گەۋدىلىك خىزمەت، شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە.

چياۋشى مۇنداق دېدى: شىنجاڭدا 47 مىللەت بولۇپ، كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان رايون، بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھەقىقىي

كۈچەيتىپ «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ» دېيىدىغان ئىدىيىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ قانۇنىي، يوللۇق ئالاھىدە مەنپەئىتىگە ئېتىبار بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئىشلار ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرۈشىمىز كېرەك.

چياۋشى مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىقى مول، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستىقبالى ناھايىتى ياخشى. مول سۇ، تۇپراق، قۇياش نۇرى بايلىق مەنبەيىمىزدىن تولۇق پايدىلىنىپ، تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىش، يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسىنى كۆپەيتىش، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاش ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ، ئاشلىق ۋە پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، شىنجاڭنى ئېلىمىزنىڭ مۇھىم ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، ئېلىمىزدىكى ئەڭ چوڭ تاۋار پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)




## ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى 15- مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى

**ئۆز خەۋىرىمىز.** بۇ يىل 5 - ئاي، ئاپتونوم رايوننىڭ 15 - مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى. بۇ پائالىيەتنى ياخشى ئۆتكۈزۈپ، ئايلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئارقىلىق يىللىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىتتىپاقلىق تەربىيىسى ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداپ، ھەر مىللەت كادىر ۋە ئامما ئارىسىدا ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا ھۆرمەتلەش، ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئورتاق ئالغا ئىلگىرىلەشتەك ياخشى كەيپىيات يارىتىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا، شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى ۋە پارتىينىڭ مەملىكەتلىك 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «15 - مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. ئۇنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

يەتكۈزۈۋاتقان ئاساسىي خەۋپنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇتۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئېغىر خەۋپى، ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى تولۇق تونۇتۇپ، ئۇلارنى ئىدىيە، ھەرىكەت جەھەتلەردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىرلىكنى ساقلاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئاڭلىق قوغدايدىغان قىلىش لازىم.

2. پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇشتا تەربىيىنى مەدەنىي مەشغۇلاتقا سىڭدۈرۈش كېرەك. جايلار ۋە تارماقلار «بىر كىنونى كۆرۈش، بىر ياخشى كىتابنى ئوقۇش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى «ئانىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى» دېگەن كىنونى كۆرۈشكە، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئوقۇشلۇقى» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇشقا ئۇيۇشتۇرۇشى لازىم.

ئادەم فىزىئولوگىيىسى، تىببىي بىلىمگە ئائىت ئىلمىي ئەسەرلەر شەھۋانىي بۇيۇم ھېسابلانمايدۇ.

ئىشقۋازلىق مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ئەدەبىي، بەدىئىي ئەسەرلەر شەھۋانىي بۇيۇم ھېسابلانمايدۇ.

## يەتتىنچى باب دۆلەت مۇداپىئەسى مەنپەئەتىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى

**368 - ماددا** ھەربىيلەرنىڭ قانۇن بويىچە ۋەزىپە ئۆتىشىگە زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش يولى بىلەن توسقۇنلۇق قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ ياكى جەرىمانە قويۇلىدۇ.

قوراللىق قىسىملارنىڭ ھەربىي ھەرىكەتلىرىگە قەستەن توسقۇنلۇق قىلىپ، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

**369 - ماددا** قورال - جابدۇق، ھەربىي ئەسلىھە ۋە ھەربىي خەۋەرلىشىش ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ؛ مۇھىم قورال - جابدۇق، ھەربىي ئەسلىھە ۋە ھەربىي خەۋەرلىشىش ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، ئۇرۇش مەزگىلىدە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

**370 - ماددا** ئۆلچەمگە توشمايدىغان قورال - جابدۇق، ھەربىي ئەسلىھە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنى قوراللىق قىسىملارغا بەرگەنلەرگە بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتا كۆرسىتىلگەن جىنايەتنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ئورۇنلاردىن 1 - تارماقتا كۆرسىتىلگەن جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلىرىغا 1 - تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

**371 - ماددا** چەكلەنگەن ھەربىي ئىشلار دائىرىسىگە توپلىشىپ بېسىپ كىرىپ، شۇ دائىرىنىڭ تەرتىپىنى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرغانلارنىڭ باش ئۇنسۇرلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ باشقا ئاكتىپ قاتناشقۇچىلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ

باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلىرىغا شۇ تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

**376 - ماددا** ئۇرۇش مەزگىلىدە چاقىرىقنى ياكى ھەربىي تەلىمنى رەت قىلغان، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرغان، ھەربىي مەجبۇرىيەتتىكىلەرنىڭ قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ئۇرۇش مەزگىلىدە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشنى رەت قىلغان، ئۆزىنى قاچۇرغان پۇقرالاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

**377 - ماددا** ئۇرۇش مەزگىلىدە، قوراللىق قىسىملارغا دۈشمەن ئەھۋالى توغرىسىدا قەستەن يالغان مەلۇمات بېرىپ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

**378 - ماددا** ئۇرۇش مەزگىلىدە، پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، ھەربىيلەرنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

**379 - ماددا** ئۇرۇش مەزگىلىدە، قىسىمدىن قاچقان ھەربىي ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا يوشۇرۇنىدىغان جاي، پۇل - مال ھازىرلاپ بەرگەنلەردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

**380 - ماددا** ئۇرۇش مەزگىلىدە، ھەربىي زاكازنى رەت قىلغان ياكى قەستەن كېچىكتۈرگەن ئورۇنلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

**381 - ماددا** ئۇرۇش مەزگىلىدە، ھەربىي ئېھتىياج ئۈچۈن ئېلىپ ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرنى بېرىشنى رەت قىلغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

## سەككىزىنچى باب خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق جىنايىتى

**382 - ماددا** دۆلەت خادىملىرىنىڭ ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، جامائەتنىڭ پۇل - مېلىنى يەپ كېتىشى، ئوغرىلىشى، ئالداپ ئېلىۋېلىشى ۋە باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىشى خىيانەتچىلىك جىنايىتى بولىدۇ.

دۆلەت ئورگانلىرى، دۆلەت شىركەتلىرى، كارخانىلىرى، كەسپىي ئورۇنلىرى ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن دۆلەت مال - مۈلكىنى باشقۇرۇۋاتقان، تىجارەت قىلىۋاتقان خادىملار ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، دۆلەتنىڭ پۇل - مېلىنى يەپ كەتكەن، ئوغرىلىغان، ئالداپ

بۇنداق جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. جامائەتنىڭ ناھايىتى كۆپ پۇلىنى ئىشلىتىۋېلىپ قايتۇرمىغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ئاپەتتىن ۋە خەتەردىن قۇتقۇزۇش، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئېتىبار بېرىش - نەپىقە بېرىش، نامراتلارنى يۆلەش، ئاھالە كۆچۈرۈش ۋە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پۇل - ماللىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىپ ئىشلىتىۋالغانلارغا ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

**385 - ماددا** دۆلەت خادىملىرىنىڭ ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، باشقىلاردىن پۇل - مال تەلەپ قىلىپ ياكى باشقىلارنىڭ پۇل - مېلىنى قانۇنسىز ئېلىپ، ئۇلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشى پارا ئېلىش جىنايىتى بولىدۇ.

دۆلەت خادىملىرىدىن ئىقتىسادىي مۇئامىلىدە دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۈرلۈك نام بىلەن ئۇستەك، رەسمىيەت ھەققى ئېلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلار پارا ئالغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

**386 - ماددا** پارا ئېلىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەرگە ئالغان پارا سوممىسىغا ۋە قىلمىشىغا قاراپ مۇشۇ قانۇننىڭ 383 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ. پارا تەلەپ قىلغانلارغا ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

**387 - ماددا** باشقىلاردىن پۇل - مال تەلەپ قىلىپ ۋە قانۇنسىز ئېلىپ، ئۇلارغا مەنپەئەت يەتكۈزگەن دۆلەت ئورگانلىرى، دۆلەت شىركەتلىرى، كارخانىلىرى، كەسپىي ئورۇنلىرى ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىدىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتا كۆرسىتىلگەن ئورۇنلاردىن ئىقتىسادىي مۇئامىلىدە ھېساب سىرتىدا تۈرلۈك نامدا بېرىلگەن ئۇستەك، رەسمىيەت ھەققىنى خۇپىيانە ئالغانلىرى پارا ئالغان دەپ قارىلىپ، ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازالىنىدۇ.

**388 - ماددا** دۆلەت خادىملىرى ئۆزىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىدىن ياكى مەرتىۋىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، باشقا دۆلەت خادىملىرىنىڭ ۋەزىپە جەھەتتىكى ھەرىكىتى ئارقىلىق نامۇۋاپىق مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن پۇل - مال تەلەپ قىلسا ياكى ئالسا پارا ئالغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

**389 - ماددا** نامۇۋاپىق مەنپەئەتنى كۆزلەپ، دۆلەت خادىملىرىغا پۇل - مال بېرىش پارا بېرىش جىنايىتى بولىدۇ.

ئىقتىسادىي مۇئامىلىدە دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەت خادىملىرىغا كۆپرەك پۇل - مال بەرگەنلەر ياكى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ دۆلەت خادىملىرىغا تۈرلۈك نامدا ئۇستەك، رەسمىيەت ھەققى بەرگەنلەر پارا بەرگەنلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

قاقتى - سوقتى قىلىنغانلىقتىن دۆلەت خادىملىرىغا پۇل - مال بەرگەن بولسىمۇ، نامۇۋاپىق مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىگەنلەر پارا بەرگەنلەر قاتارىغا كىرمەيدۇ.

**390 - ماددا** پارا بېرىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەرگە بەش يىلدىن

ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

**395 - ماددا** مال - مۈلكى ياكى چىقىمى قانۇنلۇق كىرىمىدىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن، پەرق بەك زور بولغان دۆلەت خادىملىرى كىرىم مەنبەسىنى چۈشەندۈرۈشكە بۇيرۇلسا بولىدۇ. ئۆز كىرىمىنىڭ قانۇنلۇق يول بىلەن كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەنلەرنىڭ ئارتۇق كىرىمى قانۇنسىز تاپاۋەت قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، ئۇلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، مال - مۈلكىنىڭ ئارتۇق قىسمى قايتۇرۇۋېلىنىدۇ.

دۆلەت خادىملىرى چېگرا سىرتىدا ئامانەت قويغان پۇلىنى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە مەلۇم قىلىشى كېرەك. سوممىسى كۆپرەك بولۇپ، يوشۇرۇپ مەلۇم قىلمىغانلارغا ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى يېنىكرەك بولغانلارغا ئۇلار تۇرۇشلۇق ئورۇن ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل ئورگان ئەھۋالغا قاراپ مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

**396 - ماددا** دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەت مۈلكىنى ئورۇن نامىدا كوللېكتىپ ھالدا شەخسىي بۆلۈشۈۋالغان دۆلەت ئورگانلىرى، دۆلەت شىركەتلىرى، كارخانىلىرى، كەسپىي ئورۇنلىرى ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىدىن سوممىسى كۆپرەك بولغانلىرىنىڭ بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ سوممىسى ناھايىتى كۆپ بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئەدلىيە ئورگانلىرى، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى مەمۇرىي ئورگانلاردىن دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان جەرىمانە، مۇسادىرە پۇل - ماللارنى ئورۇن نامىدا كوللېكتىپ ھالدا شەخسىي بۆلۈشۈۋالغانلىرىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

## توققۇزىنچى باب مەسئۇلىيەتسىزلىك جىنايىتى

**397 - ماددا** دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرىدىن خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلىنىپ ياكى خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىپ، جامائەتنىڭ مال - مۈلكىنى، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. مۇشۇ قانۇندا ئايرىم بەلگىلەنگەنلىرى شۇ بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىدىن نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. مۇشۇ قانۇندا ئايرىم بەلگىلەنگەنلىرى شۇ بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

**401 ـ ماددا** ئەدلىيە خادىملىرىدىن نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، جازانى كېمەيتىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىش، ۋاقىتىنچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىش شەرتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتكەن، ئۇلارنى شەرتلىك قويۇپ بەرگەن ياكى ئۇلارنىڭ جازاسىنى ۋاقىتىنچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

**402 ـ ماددا** نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، قانۇن بويىچە ئەدلىيە ئورگىنىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدىغانلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بەرمىگەن قانۇن ئىجرا قىلغۇچى مەمۇرىي خادىملاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

**403 ـ ماددا** دۆلەتنىڭ ئالاقىدار مەسئۇل تارمىقىدىكى دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىدىن نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلىنىپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن شەرتلەرگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان شىركەت قۇرۇش، تىزىملىتىش ئىلتىماسىنى ياكى پاي چېكى، زايوم تارقىتىش، بازارغا سېلىش ئىلتىماسىنى تەستىقلاپ ياكى تىزىملاپ، جامائەتنىڭ مال ـ مۈلكىنى، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلار تىزىملاش ئورگىنىنى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىنى يۇقىرىقى تارماقتا ئېيتىلغان ئىشلارنى قىلىشقا زورلىغان بولسا، ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

**404 ـ ماددا** باج ئورگىنى خادىملىرىدىن نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، ئېلىشقا تېگىشلىك باج پۇلىنى ئالماي ياكى ئاز ئېلىپ، دۆلەتنىڭ باج كىرىمىنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە زور زىيان پەيدا قىلغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

**405 ـ ماددا** باج ئورگىنى خادىملىرىدىن قانۇن ۋە مەمۇرىي نىزاملاردىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تالون تارقىتىش ـ سېتىش، باج پۇلىنى تۇغرىلاپ چىقىرىۋېتىش ۋە ئېكسپورت باج قايتۇرمىسى بېرىش خىزمىتىدە نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، دۆلەت مەنپەئىتىنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ دۆلەت مەنپەئىتىنى پەۋقۇلئاددە زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

باشقا دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىدىن دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئېكسپورت قىلىنىدىغان مالنى تاموژنىغا مەلۇم قىلىش تالونى، ئېكسپورتتىن قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت كىرىمىنى تەكشۈرۈپ ھېساباتتىن كۆتۈرۈۋېتىش تالونى قاتارلىق ئېكسپورت باج قايتۇرمىسى دوكۇمېنتلىرىنى بېرىش خىزمىتى جەريانىدا نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، دۆلەت مەنپەئىتىنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا

تەكشۈرۈش ئاپپاراتى خادىملىرىدىن نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئۆيدۇرۇپ چىققانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

يۇقىرىقى تارماقتا كۆرسىتىلگەن خادىملاردىن ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك بۇيۇملارنى تەكشۈرمەي ياكى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى كېچىكتۈرۈپ چىقىرىپ، خاتا چىقىرىپ، دۆلەت مەنپەئىتىنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

**413 ـ ماددا** ھايۋانات ـ ئۆسۈملۈك كارانتىن ئورگىنىنىڭ كارانتىن خادىملىرىدىن نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، كارانتىن نەتىجىسىنى ئۆيدۇرۇپ چىققانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

يۇقىرىقى تارماقتا ئېيتىلغان خادىملاردىن ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، كارانتىن قىلىنىدىغان نەرسىلەرنى كارانتىن قىلماي ياكى كارانتىن ئىسپاتىنى كېچىكتۈرۈپ چىقىرىپ، خاتا چىقىرىپ دۆلەت مەنپەئىتىنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

**414 ـ ماددا** يالغان، ناچار تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىش جىنايى قىلمىشلىرىنى سۈرۈشتۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىدىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

**415 ـ ماددا** پاسپورت، ۋىزا بېجىرىش ياكى چېگرىدىن چىقىش ـ كىرىش گۇۋاھنامىلىرىنى بېجىرىشكە مەسئۇل دۆلەت ئورگىنى خادىملىرى دۆلەت چېگرىسىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈپ كېتىشكە ئۇرۇنغان كىشىلەرگە بىلىپ تۇرۇپ دۆلەت چېگرىسىدىن (چېگرىدىن) چىقىش ـ كىرىش گۇۋاھنامىلىرىنى بېجىرىپ بەرسە ياكى چېگرا مۇداپىئە ئورگىنى، تاموژنا ئورگىنى قاتارلىق دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرى دۆلەت چېگرىسىدىن (چېگرىدىن) ئوغرىلىقچە ئۆتۈپ كېتىدىغانلارنى بىلىپ تۇرۇپ قويۇۋەتسە، ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىربولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

**416 ـ ماددا** ئالداپ سېتىلغان، تۇتۇپ كېتىلگەن ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان دۆلەت ئورگىنى خادىملىرى ئالداپ سېتىلغان، تۇتۇپ كېتىلگەن ئاياللار، بالىلار ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ مەلۇماتىنى قوبۇل قىلىپ، ئالداپ سېتىلغان، تۇتۇپ كېتىلگەن ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتقۇزماي، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلسا، بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

قۇتقۇزۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان دۆلەت ئورگىنى

بولغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

تەسلىم بولغاندىن كېيىن، دۈشمەنگە خىزمەت قىلغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

**424 ـ ماددا** ئۇرۇش مەزگىلىدە جەڭدىن بۇرۇن قېچىپ كەتكەنلەرگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ جەڭ ۋە ئۇرۇشنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

**425 ـ ماددا** قوماندانلىق قىلغۇچىلار، دىجورنىلار ۋە ۋەزىپە ئۆتىگۈچىلەردىن خىزمەت ئورنىدىن خالىغانچە كېتىپ قېلىپ ياكى خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىپ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ئۇرۇش مەزگىلىدە ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

**426 ـ ماددا** قوماندانلىق قىلغۇچىلار ياكى دىجورنىلار، ۋەزىپە ئۆتىگۈچىلەرنىڭ ۋەزىپە ئۆتىشىگە زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش ئۇسۇلى بىلەن توسقۇنلۇق قىلغانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ باشقىلارنىڭ ئېغىر زەخىملىنىشى، ئۆلۈشىنى پەيدا قىلغانلارغا ياكى قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، ئۇرۇش مەزگىلىدە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

**427 ـ ماددا** خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلىنىپ قول ئاستىدىكىلەرنى مەسئۇلىيەتكە خىلاپ ئىشنى قىلدۇرۇپ، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

**428 ـ ماددا** قوماندانلىق قىلغۇچىلاردىن بۇيرۇققا قارشى چىقىپ، جەڭدىن قورقۇپ، ئۇرۇشتا پاسسىپلىق قىلىپ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ جەڭ ۋە ئۇرۇشنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

**429 ـ ماددا** جەڭ مەيدانىدا خەۋپلىك ئەھۋالدا قالغان دوست ـ قوشنا قىسىمنىڭ ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ۋە ياردەم بېرەلەيدىغان تۇرۇپ ياردەم بەرمەي، دوست ـ قوشنا قىسىمنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقان قوماندانلىق قىلغۇچىلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

**430 ـ ماددا** ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدە خىزمەت ئورنىدىن ئۆزىچە ئايرىلىپ دۆلەت چېگرىسىدىن ئاسىيلىق قىلىپ قېچىپ ياكى چېگرا

قىلىپ، قىسمىدىن قاچقانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ئۇرۇش مەزگىلىدە ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

**436 ـ ماددا** قورال ـ جابدۇق ئىشلىتىش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىش قىلمىشى ئېغىر بولۇپ، مەسئۇلىيەتسىزلىك ھادىسىسىنى پەيدا قىلغان، كىشىلەرنىڭ ئېغىر زەخىملىنىشى، ئۆلۈشىنى ياكى باشقا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

**437 ـ ماددا** قورال ـ جابدۇق باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، قورال ـ جابدۇقلارنىڭ سەپلەپ ئىشلىتىلىشىنى ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتىپ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

**438 ـ ماددا** قورال ـ جابدۇق ياكى ھەربىي ئەشيالارنى ئوغرىلىغان، تارتىۋالغانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا ۋە پارتلاتقۇچلارنى ئوغرىلىغان، تارتىۋالغانلارغا مۇشۇ قانۇننىڭ 127 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

**439 ـ ماددا** ئارمىيىنىڭ قورال ـ جابدۇقلىرىنى قانۇنسىز ساتقان، ئۆتۈنۈپ بەرگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ زور مىقداردىكى قورال ـ جابدۇقنى ساتقان، ئۆتۈنۈپ بەرگەنلەرگە ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

**440 ـ ماددا** بۇيرۇققا قارشى چىقىپ، قورال ـ جابدۇقنى تاشلىۋەتكەنلەرگە بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ مۇھىم ياكى زور مىقداردىكى قورال ـ جابدۇقنى تاشلىۋەتكەنلەرگە ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

**441 ـ ماددا** قورال ـ جابدۇقنى يوقىتىپ قويۇپ، ۋاقتىدا مەلۇم قىلمىغانلارغا ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)

